شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
31
شەنبە
维吾尔文 10 月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25231 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپكە قارىتا پىكىر ئېلىندى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭنەنخەيدە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى توغرىسىدا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى بىرىنچى بەش يىل. بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان تارىخىي خاراكتېرلىك تېما يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە ئىلمىي پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات يىرىك پىلانى تەكلىپىنى ياخشى تۈزۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەلگۈسىدىكى بەش يىل ۋە تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن ئېشياڭ، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خاۋ مىڭجىن، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەي دافېڭ، جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى چېن جۇ، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى تاۋ جى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئويلىشىشنى قۇۋۋەتلىدى ھەم رايون ئىقتىساد ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يېتەكچى قىلىش، دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئاچقۇچلۇق جابدۇق تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش، ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، يىرىك پىلاندىكى قانۇنچىل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى(2020)دە سىنلىق سۆز قىلدى



10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى(2020) شاڭخەيدە ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەردە سىنلىق سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى 3 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى(2020) 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شاڭخەيدە ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەردە سىنلىق سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، داۋالاش، دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ساھەلەردە پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە دۆلەت ھالقىغان ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم دوكلات بەردى، مۇھىم سۆز قىلدى ھەم «تەكلىپ (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. «تەكلىپ»تە كەلگۈسى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىيات نەزەردە تۇتۇلۇپ، تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلۈپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش يولى پىلانلىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلىگەنلىكى، يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزگەنلىكى، ئىستراتېگىيەلىك پىلاننى ياخشى تۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىسى تولۇق نامايان قىلىنىدى، بۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر - ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «تەكلىپ»تىكى ئورۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئۇلۇغۋار پىلان كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتى ئېلان قىلىنىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. «ئومۇمىي يىغىن ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى، بۇ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ!» كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىمىز!

(ئاخىرى 4- بەتتە)

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەنگەنلەر يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر ۋە ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەكنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچى ماھارەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ماھارەت ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش، ماھارەت ئارقىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش يولىغا ماڭدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز 4 مىليون 719 مىڭ 600 ئادەم قېتىملىق تۈرلۈك كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرغان.

(ئاخىرى 2- بەتتە)



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتىر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 20 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشتى

سۇبيېكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۆرەش قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتىر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 20 مىليون 99 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، كۆلىمى غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېنېرگىيەسى بايلىقى مول، توققۇز چوڭ شامال رايونى بار، شامال ئېنېرگىيەسى بايلىقى ئومۇمىي زاپىسى 890 مىليون كىلوۋات بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ تەخمىنەن 20%ىنى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ئۈچ بازا، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شامال ئېلېكتىر كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)